# شى جىنپىڭ قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قىرغىزىستان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى بولغاندىن بۇيان، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولدى، جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستان تەرەپنىڭ بىشكەك باشلىقلار يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشنى قوللايدۇ، بىشكەك باشلىقلار يىغىنىنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە نەپ يەتكۈزىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

ژېنبېكوۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قىرغىزىستاندا زىيارەتتە بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن قارشى ئالىمەن. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئۈچ قېتىم كۆرۈشتۈم، بۇ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. قىرغىزىستان مەڭگۈ جۇڭگونىڭ ياخشى قوشنىسى، ياخشى دوستى، ياخشى ھەمراھى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ رەئىس شى جىنپىڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلەيمەن، ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى ۋە تەجرىبىسى قىرغىزىستانغا نىسبەتەن مۇھىم، زور ئۆرنەكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان قىرغىزىستاننىڭ دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم ۋە مەدەت بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. قىرغىزىستان تەرەپ بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قارايدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن قوللانغان سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى قوللايدۇ. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپكە ئوخشاش، «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىشكە قەتئىي كۈچ چىقىرىدۇ. قىرغىزىستاننىڭ دۆلەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى بىلەن ماس كېلىدۇ، قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن مېخانىزملاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ھەمكارلىقى ئورنىتىپ، سودا، سېلىنما، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، يەرلىكلەر ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. قىرغىزىستان بىلەن جۇڭگونىڭ خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىدىكى مەيدانى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ كۆپ تەرەپلىك ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ياخشى ئاساس سالدى. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ قىرغىزىستاننىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغانلىقى ھەم بىشكەك باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە قىممەتلىك مەدەت بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ.

شى جىنپىڭ ژېنبېكوۋنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پۈتۈن پارتىيەنى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئالدىدا، بىز قىلچىمۇ قانائەتلىنىپ قالساق بولمايدۇ، لېكىن چەكسىز ئىشەنچ بىلەن يېڭى دەۋرنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنى ياخشى باسىمىز.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بىرلىكتە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن قىرغىز جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشما باياناتى»نى ئىمزالىدى ھەم كۆپ تۈرلۈك ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا گۇۋاھ بولدى.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى يەنە بىرلىكتە مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشتى.

سۆھبەتتىن بۇرۇن، ژېنبېكوۋ ئالاچا دۆلەت مېھمانخانىسى يىغىن مەركىزىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا شى جىنپىڭ ئۈچۈن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

6 ـ ئايدىكى بىشكەك ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بولۇپ، ئاسمىنى سۈپسۈزۈك ئىدى.

شى جىنپىڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ مەيدانغا يېتىپ بارغاندا، ژېنبېكوۋنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى پارات مۇنبىرىگە چىقتى. ھەربىي ئوركېستىر جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. شى جىنپىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى ئەترىتىنىڭ مەركىزىگە كېلىپ، قىرغىز تىلىدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدىن: جەڭچىلەر، ياخشىمۇسىلەر! دەپ ئەھۋال سورىدى، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى قىرغىز تىلىدا: سىزنى قارشى ئالىمىز! دەپ جاۋاب بەردى. شى جىنپىڭ ژېنبېكوۋ بىلەن بىللە پاراتنى كۆردى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قەدىناس دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇ مېنىڭ ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ قىرغىزىستاندا يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولۇشۇم. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 27 يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا جۇڭگو ـ قىرغىزىستان مۇناسىۋىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە ئۆزئارا ئىشىنىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ھەمكارلىشىش، خەۋپسىزلىك جەھەتتە ئۆزئارا تايىنىش، خەلقئارادا زىچ ھەمكارلىشىشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى. مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ كۆپ قېتىم ئاشكارا سۆز قىلىپ، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان دوستلۇقىنى قەتئىي قوغدىغانلىقىنى ئالقىشلايمەن. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستان تەرەپنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىدۇ، قىرغىزىستان تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە يەنە ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەجرىبىلىرىدىن بەھرىلىنىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقى، پۈختىلىنىۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ يېڭى نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنى قاتارلىق كۆپ تەرەپ رامكىسىدا ھەمكارلىشىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىللىككە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ژېنبېكوۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو ـ قىرغىزىستان مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، قىرغىزىستان تەرەپ قىزغىن تەبرىكلەيدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتتا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى، مەن «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 1 ـ تومىنىڭ قىرغىزچە نەشرىنى تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتىم. بۇ ئەسەر بىزنىڭ جۇڭگونىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىشىمىزدە، قىرغىزىستاننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىنى قوغداش، ئەسەبىيلىككە زەربە بېرىش جەھەتتە قوللانغان تەدبىرلىرىنى قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ قىرغىزىستان تەرەپنى ئىزچىل زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىشلاردىكى تەسىر كۈچىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسىدا ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان قولاي ئاپتوموبىلغا چىقىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئافغانىستان زۇڭتۇڭى غەنى، قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ، ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

گۈللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، قازاقىستان ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن. قازاقىستان تەرەپ قازاقىستان ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئالاقىسىنى ساقلاپ، سودا، قاتناش، ئەنشيا ئوبوروتى، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپلىك ماسلاشتۇرۇشنى قويۇقلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار لىيۇ چاڭ، جياڭ گوپېڭ)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بىشكەكتە ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مودىنىڭ ھىندىستان زۇڭلىلىقىغا ئۇدا تەيىنلەنگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ ھىندىستان دۇنيادىكى نوپۇسى 1 ملياردتىن ئاشىدىغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىككى بازار دۆلىتى، ئىككىلىسى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇھىم باسقۇچتا تۇرماقتا. جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دۆلەتنىڭ قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىشى بىر ـ بىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئاسىيا ھەتتا دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ قوشىدۇ. مەن زۇڭلى ئەپەندى بىلەن بۇلتۇر ۋۇخەندە ئۇچرىشىپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى يېڭى باسقۇچقا كىرىشكە يېتەكلىدۇق. جۇڭگو تەرەپ ھىندىستان تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ تېخىمۇ زىچ تەرەققىيات ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىككى تەرەپ جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ بىر ـ بىرىنى تەرەققىيات پۇرسىتى قىلىش، ئۆزئارا تەھدىت شەكىللەندۈرمەسلىك ئاساسىي ھۆكۈمدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دىققەتنى ھەمكارلىققا مەركەزلەشتۈرۈش، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تېخىمۇ چوڭ مۇسبەت مۇلۇك، ئاكتىپ ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ھەمكارلىق يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، سېلىنما، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ساياھەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق مەنپەئەت تورىنى زورايتىپ، رايونلارنىڭ ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشقا ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، بېنگال، جۇڭگو، ھىندىستان، بىرما ئىقتىساد كارىدورى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ھەمكارلىشىپ تەرەققىي قىلىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. چېگرا مەسىلىسى ئالاھىدە ۋەكىللەر ئۇچرىشىشى قاتارلىق مېخانىزملاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىشەنچ تەدبىرلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىشى كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ئىگىلىكى گەۋدىسىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئەركىن سودا ۋە كۆپ تەرەپچىللىكنى ئورتاق قوغداپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھەققانىي تەرەققىيات ھوقۇقىنى قوغدىشى كېرەك.

مودى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مېنىڭ ھىندىستان زۇڭلىلىقىغا ئۇدا تەيىنلەنگەنلىكىمنى يەنە بىر قېتىم تەبرىكلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. بۇلتۇر رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن ۋۇخەندىكى ئۇچرىشىشىم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، ھىندىستان ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. ھىندىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، كەڭ ساھەلەردە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق يېڭى ساھەلىرىنى كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى خالايدۇ. ھىندىستان ـ جۇڭگو ئىككى تەرەپ كېلەر يىلدىكى ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنى ئورتاق ياخشى پىلانلاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئادەمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# يارقىن ئىسىم، گۈزەل ياشلىق

## ـــ 2019 ـ يىللىق «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى»، «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» توغرىسىدا

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى **سۈن شاۋلۇڭ، خۇ خاۋ**

ئارزۇنى يۇغۇرۇپ، كەلگۈسىنىڭ زور ئىقىندا كۈرەش قىلىش كېرەك. چەكسىز كەلگۈسى ئېلىپ كېلىدىغىنى ياشلىقتۇر.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى دەل 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ 100 يىللىقىغا توغرا كەلدى. ياشلارنى يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا، جاسارەتلىك، يارامىلىق بولۇشقا ھەققىي يېتەكلەش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىقى تۇنجى قېتىم ھەر نۆۋەتلىك ئىش ئورنىدىكى «ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى بويىچە يىللىق شەخس» ۋە ئوقۇۋاتقان «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بويىچە يىللىق شەخس» ئىچىدىن ئون نەپەر «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ يېتەكچىسى» ۋە ئون نەپەر «ئەڭ گۈزەل ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى»نى باھالاپ چىقتى.

ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرى يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنى يېڭى قىياپەت بىلەن ئارزۇغا قۇچاق ئېچىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش مۇساپىسىدە داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە.

### ■ياشلىق قىزغىنلىقى بىلەن ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش

لىيۇ چياڭ شەرقىي شىمال سىفەن داشۆسىدىن كەلگەن.

كىچىككىدىنلا يېزىدا چوڭ بولغان لىيۇ چياڭنىڭ ئائىلە شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە، ئۇ ئوقۇشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، شەرقىي شىمال سىفەن داشۆسىگە ئۆتتى. چاقىرىق قەغىزىنى قولىغا ئالغان لىيۇ چياڭ چوقۇم بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشقا بەل باغلىدى.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن كۆپ ئوقۇپ جايىدا ئىشلىتىش، تەدرىجىي نامايان بولۇش ئۈچۈن زور مىقداردا جۇغلاپ ئاز ـ ئازدىن ئىشلىتىش كېرەك. ئىدىيەۋى ـ سىياسىي دەرسنى ياخشى سۆزلەشكە ئىشتىياق باغلىغان لىيۇ چياڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي دەرس سۆزلەش مۇسابىقىسىدە نۇرغۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ يەنە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي دەرسى بويىچە لېكسىيە سۆزلەش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، 10 مىڭغا يېقىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىيىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆزى سۆزلەش قوشۇنىغا ئاتلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، تۈرتكە بولۇپ، ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «يېڭى ئىدىيەنى ئۆگىنىش، يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشۇش» قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى.

ئەسقەر نۇرتاي نەنكەي داشۆسىدىن كەلگەن.

ئۇ قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەمنى ئېلىشتىن ئىبارەت باشقىچە بىر خىل شەكىلدە ئۆزىنىڭ ياشلىق ھاياتىي كۈچىنى قويۇپ بەرمەكتە.

2017 ـ يىلى ئەسقەر ھەربىيلىككە كىرىش ئىلتىماس جەدۋىلىنى تاپشۇردى. ھەربىيلىككە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبى غەيرەت ـ جاسارەتكە تولدى: بەدەن ئىقتىدارى مۇسابىقىسىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئورۇن ـ كۆرپىسىنى بىرىنچى بولۇپ يىغدى، سەپكە بىرىنچى بولۇپ تىزىلدى. ئاخىرىدا، بۇ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مۇنەۋۋەر ئالاھىدە ئۇرۇش ئەترىتى ئەزاسىغا ئايلاندى.

ۋاڭ شاۋشىن بېيجىڭ داشۆسىدىن كەلگەن. ما تيەنچېن ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكىسى داشۆسىدىن كەلگەن.

ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ياشلىق قىزغىنلىقى ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقىدۇر.

ۋاڭ شاۋشىن دوكتورلۇقنى ئېنېرگىيە ۋە بايلىق قۇرۇلۇشى كەسپىدە ئوقۇغان، ئۇ كېرەكسىز داشقالنى يۇقىرى قوشۇلما قىممەتلىك كۆپ تۆشۈكلۈك فارفۇرغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنى تىزگىنلەشكە ئىشلىتىپ، «كېرەكسىز نەرسىلەر ئارقىلىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تىزگىنلەش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. ما تيەنچېن دوكتورلۇقنى تور ئىدىيەۋى ـ سىياسىي مائارىپ كەسپىدە ئوقۇغان، ئۇ ھەمكارلاشقۇچىسى بىلەن قۇرغان شىركەت كىشىلىك ئالاقىنى ئالغا سىلجىتىدىغان بىر تۈرلۈك «كۆچمە ئالاقە تورى مەھسۇلاتى»نى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

بۇ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئۇسۇلى.

### ■ياشلىقتىكى قەيسەرلىك بىلەن ئارزۇنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈش

خۇاڭ يىڭ ۋۇخەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسىدىن كەلگەن.

ئىككى ياش ۋاقتىدىكى بىر قېتىملىق قىزىتما خۇاڭ يىڭنىڭ دۇنياسىنى يورۇقلۇقتىن مەھرۇم قىلدى.

لېكىن بۇ قەيسەر قىز «كۆرەلمىگەندىن باشقا، ھەممىنى قىلالايمەن» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. «ئەما» دېگەن سۆز ئەزەلدىن خۇاڭ يىڭنىڭ كىشىلىك ھايات يولىدىكى توسالغۇ بولۇپ قالغان ئەمەس.

2015 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، خۇاڭ يىڭ 1 ـ تۈركۈم تولۇق كۇرس نومۇر چېكىدىن 85 نومۇر يۇقىرى نەتىجە بىلەن ۋۇخەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسىنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەت كەسپىگە ئۆتۈپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ 211 نۇقتىلىق داشۆسىگە ئۆتكەن تۇنجى ئەما ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى.

لىيۇ مىن نەنجىڭ داشۆسىدىن كەلگەن.

2008 ـ يىلدىكى ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرەشتە، 15 ياشلىق لىيۇ مىن خارابىلىك ئاستىدا 30 سائەتكە يېقىن كۆمۈلۈپ قېلىپ، ئوڭ پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)